# مىڭ يىللىق قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو - بىرما تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا قوللاپ، چوڭ - كىچىك دۆلەتلەر باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ئەمەلىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى.

— ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا، جۇڭگو - بىرما باراۋەر كېڭىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا يول قويۇش روھى بويىچە ئالدى بىلەن چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ھازىر، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى قويۇقلاشتى، ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى سىجىل مۇقىم تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو بىرمىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، بىرما ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىققا ۋە مىللىي يارىشىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، بىرمىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە دۆلىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىشىنى قوللايدۇ. بىرما جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللاپ كەلدى.

— ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقى بارغانسېرى زورايدى. جۇڭگو، بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور. جۇڭگو بىرمىنىڭ بىرىنچى چوڭ سودا ھەمراھى ۋە ئەڭ مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى دۆلەتلىك ئورنىنى ئۇزاقتىچە ساقلايدۇ، 2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى 16 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يەتتى، بىرمىنىڭ بارغانسېرى كۆپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى جۇڭگودىكى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىردى. ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. بىرما «بىر بەلۋاغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى لىنىيە بويىدىكى مۇھىم دۆلەت، ئىككى تەرەپ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - بىرما ئىقتىساد كارىدورى ھەمكارلىقىغا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئىمزالىدى ھەم بىرلەشمە خىزمەت كومىتېتى قۇرۇپ، كارىدور قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

— ئىككى دۆلەتنىڭ ئادىمىيەت ئالاقىسى رىشتى كۈنسايىن چىڭىدى. جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ مەدەنىيەت، دىن، خادىملار جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشى جانلىنىپ، «قېرىنداشلىق» مېھرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت گۆھىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بۇددانىڭ چىشى، سارىرا تۆت قېتىم تەكلىپ بويىچە بىرمىغا ئېلىپ بېرىلىپ كۆرگەزمە قىلىندى، بىرما لوياڭدىكى بەيما ئىبادەتخانىسىدا بىرمىچە ئۇسلۇبتىكى بۇددا سارىيىنى ياردەم قىلىپ سالدى. جۇڭگو بىرمىدا «يورۇقلۇق ھەرىكىتى»، تۇغما يۈرەك كېسىلى بار باللارنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، نۇرغۇن ئائىلىققا بەخت ئاتا قىلدى. جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى بىرمىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.

بۇ يىل، جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىرما ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم بېسىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

— ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈش كېرەك. ئىككى تەرەپ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى قاتلام - دەرىجە بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات تەجرىبىلىرىدىن ھەمبەھرلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە داۋاملىق قەتئىي تۈردە ئۆزئارا قوللاپ، ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىسىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق - ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپنىڭ سىياسىي سۆزلىشىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق، يارىشىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىشنى قوللايدۇ، ئىككى تەرەپ چېگرانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

— ئىقتىساد - سودا ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇش كېرەك. ئىككى تەرەپ «بىر بەلۋاغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسى ئىچىدە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - بىرما ئىقتىساد كارىدورى رامكىسىنىڭ ئۇقۇمدىن ماھىيەتلىك يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى باسقۇچىغا ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، جياۋ پياۋ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى، جۇڭگو - بىرما چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، ياڭگۇاڭ يېڭى شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ جايىنى تىرەك قىلىشنى كۈچەيتىپ ئالغا سىلجىتىپ، ئالاقىنى تۇتاشتۇرۇش - ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، قاتناش - ترانسپورت، يېزا ئىگىلىكى، پۇل مۇئامىلە، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىدىن خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ كۆپ پايدا قويۇپ بېرىشى كېرەك.

— ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى زورايتىپ، «قېرىنداشلىق» مېھرىگە يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇش كېرەك. ئىككى تەرەپ بۇ يىلنى «جۇڭگو - بىرما مەدەنىيەت - ساياھەت يىلى» قىلىپ بېكىتىدۇ، ئىشىنىمەنكى، بىرمىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە مول مەدەنىيەت ئاسار ئەتىقىلىرى بارغانسېرى كۆپ جۇڭگولۇق ساياھەتچىنى جەلپ قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى چۆرىدەپ بىر يۈرۈش تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مائارىپ، دىن، تاراتقۇ، كىنو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو - بىرما دوستانە خەلق رايى تىرىكىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، «قېرىنداشلىق» مېھرىنى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە جۇشقۇنلۇقنى ئۇرغۇتىدۇ.

— ماسلىشىپ ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك. ھازىر، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق باش كۆتۈردى، ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شەرقىي ئاسىيا ھەمكارلىقى، لەنساڭجياڭ - مېكوڭ دەرياسى ھەمكارلىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم رامكىسى ئىچىدە ماسلىشىپ ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. يېڭى دەۋردە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پىرىنسىپى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

جۇڭگو - بىرما ئىككى دۆلەتتە «تۇغقانلار ئىزدەشكەنسېرى تۇغقاندارچىلىق كۈچىيىدۇ، دوستلار ئىزدەشكەنسېرى يېقىن بولىدۇ» دەيدىغان ئورتاق ماقال بار. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىمىزغا 70 يىل بولغان يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، بىز بىرمىلىق دوستلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، تېخىمۇ پۇختا بولغان جۇڭگو - بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، مىڭ يىللىق «قېرىنداشلىق» مېھرىنىڭ يېڭى مېلودىيەسىنى داۋاملىق يېزىشنى خالايمىز.




# ياۋ جىجۈن: ئوقى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ، تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچىگە ئېتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ماۋ شىن)** گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى خۇيجوۋ شەھەرلىك ساقچى مۇزېيىدىكى بىر كۆرگەزمە ئىشكاپىغا بىر ئالاھىدە خەلق ساقچىسى كىنىشكىسى قويۇلغان. كىنىشكىدە ئوق قالدۇرغان تۆشۈك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، خۇرۇم قاپنىڭ ئۈستىدىكى بىر قات سۈزۈك سولياۋدا قان دېغى قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىسى مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى ياۋ جىجۈن.

ياۋ جىجۈن، 1970 - يىلى 2 - ئايدا تۇغۇلغان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لېچاڭ ناھىيەسىدىن. 1989 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1991 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1992 - يىلى 3 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى خۇيياڭ شەھەرلىك(ھازىرقى خۇيياڭ رايونى) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچى ئەترىتى شۆبە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى 5 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ساقچىسى بولغان.

1998 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، خۇيياڭ شەھىرىنىڭ دەنشۈي بازىرىدا ئۆيگە قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، تۇتقۇن قىلىش دېلوسى يۈز بەرگەن. ئۈچ ئەر ئىككى تاپانچىنى ئېلىپ، «نوپۇس تەكشۈرۈش»نى باھانە قىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئائىلىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نەق پۇل ۋە ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇزىننەتلىرى بولۇپ پۇلغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 18 مىڭ يۈەننى بۇلاپ كەتكەن ھەم بەش ياشلىق ئوغلىنى تۇتقۇن قىلىپ، 500 مىڭ يۈەن تەلەپ قىلغان.

دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، خۇيياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دەرھال 30 نەچچە جىنايى ئىشلار ساقچىسى ئاجرىتىپ، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغان. ياۋ جىجۈن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەكشۈرۈپ ئائىلە زىيارىتى قىلىپ، پۇقراچە ياسىنىپ رازۋېدكا قىلىپ، يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىپ، ئۇدا ئون نەچچە كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلغان.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەچتە، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىبېشى جۇ موخېنىڭ دەنشۈي بازىرىغا يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتقا ئېرىشكەن. ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسلانغاندا، جىنايەت گۇماندارى خەلق 5 - يولىدىكى مەلۇم ئىجارە ئۆيدە تۇرىدىغان بولۇپ، كونكرېت قايسى ئۆي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمىغان. شۇ كۈنى كەچ سائەت 9دا، ياۋ جىجۈن يەنە بىر رازۋېدكىچى بىلەن جىنايەت گۇماندارى يوشۇرۇنغان جاينىڭ ئەتراپىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان، ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتىنى يېرىم كېچىدە ئېلىپ بېرىش بېكىتىلگەن.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەر سائەت 2دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ياۋ جىجۈن ئالتە خىزمەتدىشى بىلەن بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى باشلىغان: ئىككى خەلق ساقچىسى بىنانىڭ ئاستىدا بارلىق دېرىزىلەرنى كۆزىتىپ، جىنايەت گۇماندارىنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان، ياۋ جىجۈن قاتارلىق بەش كىشى ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى پەلەمپەينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، پەلەمپەينىڭ سول تەرىپىدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەرنى تەكشۈرمەكچى بولغاندا، ئەڭ ئاخىرىدا ماڭغان ياۋ جىجۈن تۇيۇقسىز ئەمدىلا تەكشۈرۈپ بولغان بىر ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ ئىچىدىكى لاتا ئىشكاپنىڭ تېخى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈلمىگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ، كەينىگە يېنىپ بۇ ئۆيگە كىرىپ قايتا تەكشۈرمەكچى بولغان. بۇ چاغدا تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچى جۇ موخې ئۆيدىن قوراللىق چىقىپ، ياۋ جىجۈن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. ياۋ جىجۈن دەرھال: «جىنايەتچىدە قورال بار ئىكەن!» دەپ ۋارقىرىغان. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە جىنايەت گۇماندارى ياۋ جىجۈنگە قارىتىپ ئوق چىقارغان، ياۋ جىجۈن بىر تەرەپتىن پەلەمپەي ئېغىزىغا چېكىنگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن قورالنى چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بەرگەن، ئېتىشىش ناھايىتى كەسكىن بولغان، جىنايەت گۇماندارى ياۋ جىجۈن ئوقدانىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ قاچقان.

ياۋ جىجۈن قوغلىغاچ «جىنايەتچى قاچتى» دەپ ۋارقىرىغان. بىنانىڭ ئاستىدا ساقلاپ تۇرغان ئىككى خەلق ساقچىسى ئىككى قارا كۆلەڭگىنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال قوغلىغان. جىنايەت گۇماندارى بۇرۇلۇپ ياندىكى تار كوچىغا كىرىپ، قېچىۋېتىپ ياۋ جىجۈنگە ئوق چىقارغان. قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا، بەختكە قارشى ياۋ جىجۈننىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەن، بۇ ھالقىلىق پەيتتە، ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ 80 مېتىرچە قوغلىغان.

بۇ چاغدا ياۋ جىجۈننىڭ ئوقى تۈگىگەن بولۇپ، تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچى بىلەن بولغان ئارىلىقمۇ بىر قەدەملا قالغاندى، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچىنى يەرگە يىقىتقان. ئېگىز، بەستلىك كەلگەن تۇتقۇن قىلغۇچى جىنايەتچى جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ ياۋ جىجۈننىڭ ئوڭ كۆكرەكگە بىر پاي ئوق ئاتقان، ياۋ جىجۈنگە يەنە بىر قېتىم ئوق تەگكەن.

سەپداشلىرى بىر تەرەپتىن قوغلاپ تۇتۇشقا تەشكىللىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ياۋ جىجۈننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان، لېكىن يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، ياۋ جىجۈن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولغان.

ياۋ جىجۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خۇيجوۋ شەھەرلىك كومىتېتى ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن. 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئەنگە ئالغان. 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

خۇيجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق دېدى: يولداش ياۋ جىجۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشتى. 1994 - يىلىدىن قۇربان بولغانغا قەدەر، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 30 نەچچىنى بىۋاستە رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلدى. ئۇ ھەر ۋاقىت كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە تەلەپ قويۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئىدارىدىكى خىزمەتداشلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

# يۈ جىگاڭ: پويىز كەلدى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاممىنى رېلىس سىرتىغا ئىتتەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لياڭ جيەنچياڭ)** ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ۋۇخەن تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋۇخەن شەھىرى جيۇفېڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىنقىلابىي قۇربان يۈ جىگاڭنى ياد ئېتىدۇ.

يۈ جىگاڭ 1958 - يىلى تۇغۇلغان، 1975 - يىلى 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1982 - يىلى 3 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. يۈ جىگاڭ ۋۇخەن تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ پويىز ساقچىلىرى ئەترىتى، خەنشى ۋوگزالى ساقچىخانىسىدا خەلق ساقچىسى، ساقچى باشلىقى، 3 - دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى بولغان.

1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچ سائەت 9دىن ئاشقاندا، خەنشى ۋوگزالىنىڭ نەننۆۋەن يول ئېغىزىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا، يۈ جىگاڭ تۇيۇقسىز بىر ئاممىنىڭ ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئاگاھلاندۇرۇش رېشاتكىسىدىن ئۆتۈپ تۆمۈريولدىن ھالقىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىغان، بۇ چاغدا، چاڭشادىن بېيجىڭغا بارىدىغان K2 قېتىملىق نۆۋەتچى پويىز ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى.

قىل ئۈستىدە تۇرغان مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇ ئاممىنى كۈچەپ ئىتتىرىپ رېلىستىن چىقىرىۋەتكەن، ئۆزى ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن پويىزغا سوقۇلۇپ ئون نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشكەن، يارىسى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1982 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، يۈ جىگاڭ ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پاك - دۇرۇس بولۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۆزى تۇرغان جاينىڭ ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.

1992 - يىلى، يۈ جىگاڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ ئوت ئۆچۈرۈشتە كۆيۈپ ئېغىر يارىدار بولغان. ئۇ يەنە كۆپ قېتىم ئەينى چاغدا خەنشى ۋوگزالى ساقچىخانىسى قاراشلىق جېڭجوۋ تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى» ۋە «ئالتىدە ياخشى خەلق ساقچىسى» بولۇپ باھالانغان، بىر قېتىم شەخسىي 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەم تۆمۈريول ئىدارىسى بەرگەن ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يۈ جىگاڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

قەھرىمان ۋاپات بولدى، لېكىن قەھرىماننىڭ روھى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋۇخەن تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى كۆپ قېتىم يۈ جىگاڭنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈريول خەلق ساقچىلىرىنى ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە راۋانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

# جاڭ جىمىن: ھاياتى ئاپتوموبىل چاقى ئاستىدا ئاياغلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خۇ گۇاڭخې، يەن خۇڭشىن)** 1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شيامېندىن چۈەنجۇۋغا بارىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا، بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەنزىلى جياڭشىنىڭ پىڭشياڭ بولۇپ، ئاپتوموبىلدىكى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر كىشىنىڭ يۇرتى ئىدى.

«پاڭ» قىلغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئاپتوموبىلنىڭ سول ئارقا چاقى تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كەتتى، شوپۇر ئاپتوموبىلنى توختىتىپ جىددىي چاق ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئاپتوموبىللار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان بولۇپ، ھادىسە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاپتوموبىلدىكى ساقچى فورمىسى كىيگەن بىر ئادەم دەرھال ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ، ئاپتوموبىلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ نەچچە مېتىر يىراقلىققا بېرىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلغۇچى ۋە ئاپتوموبىلدىكى ئاغرىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ خەلق ساقچىسى فۇجيەن ئۆلكىسى جاڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چارلاش ساقچى تارماق ئەترىتىگە بىۋاستە قاراشلىق چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ جىمىن ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئەترەتنىڭ بىر ئاغرىقنى يۇرتىغا مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن، ئاپتوموبىللار ئارقا - ئارقىدىن سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئايلىنىپ ماڭدى، جىددىي رېمونت قىلىش خىزمىتىمۇ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. تۇيۇقسىز، بىر سەنلىڭ ماركىلىق جىپ ئۇچقاندەك كەلدى، سۈرئىتىنى قىلچىمۇ ئاستىلاتماي، ئۇدۇللا كېلىپ بۇ خەلق ساقچىسىنى سوقۇپ نەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇ نەق مەيداندا قۇربان بولدى.

جاڭ جىمىن 1969 - يىلى فۇجيەن جاڭجوۋدىكى بىر ئاددىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، ھادىسىگە ئۇچرىغاندا ئەمدىلا 30 ياشتا ئىدى. 1990 - يىلى 8 - ئايدا، ئۇ جاڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، 1995 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

ساقچى بولغان توققۇز يىلدا، جاڭ جىمىن خىزمەتتە ئىنتايىن قىزغىن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھال - ئەھۋالى، ئامانلىقىنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىگە پۈككەن. بىرەرسى ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇ دائىم بىرىنچى بولۇپ ياردەم قولىنى سۇنغان.

بىر بوۋاي ئېھتىياتسىزلىقتىن يول بويىدىكى سېسىق دەرياغا چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇ مەينەتچىلىكتىن، سېسىق پۇراقتىن قورقماي، قىلچە ئىككىلەنمەي دەرياغا چۈشۈپ، بوۋاينى يۆلەپ ئېلىپ چىققان ھەمدە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان؛ سىرتتىن كەلگەن بىر ئىشلەمچى ئۆيىگە قايتقۇدەك پۇلى بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەندە، ئۇ مەردلىك بىلەن قارشى تەرەپكە پويىز بېلىتى ئېلىپ بەرگەن، يەنە ئۇنى ئۆزى پويىزغا چىقىرىپ قويغان؛ ئون نەچچە ياشلىق قىزچاق ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىل بولغان دادىسىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولۇپ، يىغلاپ ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەندە، ئۇ ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلىگەندىن كېيىن، خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدىگەن. ئون نەچچە كۈن كېچە - كۈندۈز قاتراپ ۋە ئۆلكە ھالقىپ 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئاخىرى بۇ قىزچاقنىڭ دادىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ دادىسىنى تېپىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

بىر قېتىم يۈگۈندىلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ناتونۇش جاڭجوۋغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ، جيۇلۇڭجياڭ دەرياسىغا ئۆزىنى ئېتىۋالغان. ساقچىغا مەلۇم قىلىش تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاڭ جىمىن خىزمەتداشلىرى بىلەن تېزدىن نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ئالدىدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ياشنى قۇتقۇزغان.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يەنە نۇرغۇن. بىر خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جاڭ جىمىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى باشتىن - ئاخىر كۆڭلىگە پۈككەن ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى يېشىپ بەرگەن.

1999 - يىلى 7 - ئايدا، جاڭ جىمىن فۇجيەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەنگە ئېلىنغان، شۇ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

ئاپتوموبىل چاقى جاڭ جىمىننىڭ ھاياتىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)